# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھاراق ئىچكەن بىر كىشى كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۇرۇڭلار» دېدى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھاراق ئىچكەن بىر كىشى كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۇرۇڭلار» دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېدى: بىز ئۇنى قولىمىز بىلەن، ئاياغلىرىمىز بىلەن ۋە كىيىملىرىمىز بىلەن ئۇردۇق، ئۇ كىشى قايتىۋاتقاندا بەزى كىشلەر: ئاللاھ سېنى خار قىلسۇن! دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق دېمەڭلار، ئۇنىڭغا قارشى شەيتانغا ياردەم بەرمەڭلار» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ساھابىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ھاراق ئىچكەن بىر كىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇرۇشقا بۇيرىدى، ساھابىلار ئۇ كىشىنى ئۇردى، بەزىلەر ھېچ قانداق نەرسە ئىشلەتمەستىن پەقەت قولى بىلەن ئۇردى، بەزىلەر ئاياغلىرى بىلەن ئۇردى، بۇمۇ بىر جازادۇر، بەزىلەر كىيىمى بىلەن ئۇردى، ئۇلار ئۇرۇشتا قامچا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئىشلەتمىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن يىگىرمە كىشىنى بۇيرىدى، ھەر بىر كىشى خورما شېخى ۋە ئاياغلىرى بىلەن ئىككىدىن ئۇردى» دېيىلگەن، بۇ ئۇنىڭ جازاسىنىڭ قىرىق قامچا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، توغرا يول تۇتقۇچى خەلىپىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇرغىنى ئەدەپلەش بولۇپ، بۇ ئىمامنىڭ قارىشى بىلەن بولىدۇ. كىشلەر ئۇرۇپ بولغاندا بەزىلەر ئۇ كىشىگە: ئاللاھ سېنى خار قىلسۇن! دەپ خار بولىشىغا دۇئا قىلغان، ئۇ كىشلەر ئارىسىدا رەسۋا، خار بولۇپ، ئىبتىبارغا ئېلىنماسلىق ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۇنداق دېمەڭلار، ئۇنىڭ قارشىسىدا شەيتانغا ياردەم بەرمەڭلار» دېدى، چۈنكى ئۇلار ئۇ كىشىگە خارلىق تىلەپ دۇئا قىلسا بەلكىم ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ قىلىپ، شەيتان ئۆزىنىڭ كۆتكەن ئارزۇسى، مەقستى ۋە تەلپىگە يەتكەن بولىدۇ. ئاسىيلىق قىلغۇچى جازا ئىجرا قىلىنىپ بولغۇچە قاچمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3262